# ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشايلى

□ شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆيۋەنىنىڭ تەتقىقاتچىسى، دوكتور تۇردى ئۆمەر

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، پاكىتقا، ھەقىقەتكە كۆز يۇمۇپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى نەزەرگە ئالماي، شىنجاڭنىڭ قانۇن بويىچە تېررورىزمغا زەربە بېرىش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن غايەت زور تىرىشچانلىقىغا ئاساسسىز تۆھمەت قىلىپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن قارا چاپلىدى، بۇ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق. مەن بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن ۋە ئۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيمەن.

1990 - يىلىدىن 2016 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى پەيدا قىلىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، مال - مۈلۈك زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ، جەمئىيەت تەرتىپى، خىزمەت تەرتىپى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى، شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئېغىر توسقۇنلۇق قىلدى.

كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا، شىنجاڭ «بىر قولدا زەربە بېرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىگە قاتتىق زەربە بەردى، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، ياردەم بېرىش - يۆلەش، تەربىيەلەش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق، تېررورىزم، ئەسەبىيزم جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ياكى جىنايى قىلمىشى بار كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە قۇتقۇزۇۋالدى، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ پەيدا بولۇش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى ئەڭ زور چەكتە يوقاتتى، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلدى. شىنجاڭ قانات يايدۇرغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغدىدى ھەم ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قەتئىي ھىمايە قىلىشى ۋە زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتى.

مەن ئىلگىرى شىنجاڭ كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىنى نەق مەيداندا ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، تەلىم - تەربىيە ئېلىۋاتقان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئازادە، يورۇق دەرسخانىدا دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىۋاتقانلىقى، كىيىم - كېچەك پىششىقلاش، يېمەكلىك پىششىقلاش، ھۆسن تۈزەش - چاچ گۈزەللەشتۈرۈش قاتارلىق كەسپىي ماھارەتلەرنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم؛ ئاشخانىدا تاماق تۈرىنىڭ مول ئىكەنلىكىنى، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ تېلېۋىزور، ھاۋا تەڭشىگۈچ، مۇنچا قاتارلىق ئەسلىھەلەر تولۇق ياتاق بىناسىدا تۇرىدىغانلىقىنى، تەنتەربىيە مەيدانى، كىتاب ئوقۇش ئۆيى قاتارلىق جايلاردا مول، رەڭدار دەرستىن سىرتقى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدىغانلىقىنى كۆردۈم؛ تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىنىڭ تولۇق كاپالەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە، ئۇلار دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ماھىيىتى ۋە خەۋپىنى ئېنىق تونۇپ يېتىپتۇ، «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ قەبىھ قىلمىشلىرىدىن قاتتىق نەپرەتلىنىپتۇ، ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ تەربىيەلەپ قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىدىن، ئۆزلىرىنى يېڭى ھاياتقا ئېرىشتۈرگەنلىكىدىن مىننەتدار ئىكەن. ھازىر «ئۈچنى ئۆگىنىش، بىرنى تۈگىتىش» تەلىم - تەربىيەسىگە قاتناشقان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى تەربىيەنى تاماملاپ، ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىپ، تۇرمۇش سۈپىتىنى ياخشىلاپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق شۇنى ھەقىقىي ھېس قىلدىكى، تەلىم - تەربىيە خىزمىتى بولمىسا، بۈگۈنكى خاتىرجەم كۈنلەر بولمايتتى. ھازىرغىچە، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، ئەسەبىيزمنىڭ سىڭدۈرۈلۈشى ئۈنۈملۈك توسۇلدى، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىق ئەھۋالى روشەن ياخشىلاندى، ھەر مىللەت خەلق خاتىرجەم ياشاپ، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. نۆۋەتتە، شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ. مەن شۇنى چوڭقۇر بىلىمەنكى، شىنجاڭنىڭ تىنچ - ئىناق، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى تەستە قولغا كەلگەن، ئۇيغۇر زىيالىي بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولۇمنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىپ، ئالماشتۇرۇپ، يۇغۇرۇلۇپ، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىسىنى ئورتاق بەرپا قىلىشنى ئىلگىرى سۈرىمەن.

# ئالدىنقى 11 ئايدا ئېلېكترونلۇق سودا سوممىسى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %40 ئاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ يىلدىن بۇيان، ئۈچتۇرپان بازارلىق ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمەت پونكىتىنىڭ ئېلېكترونلۇق سودا سوممىسى 4 مىليون يۈەندىن ئاشتى، بۇ ئادىل بىلەن مېھنەت باغ - ئورمانچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ مەسئۇلى قۇربان ئەمەتنى ناھايىتى ھاياجانلاندۇردى. «ناھىيە يولغا قويغان ‹ھەمكارلىق كوپېراتىپى+ئېلېكترونلۇق سودا + يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى› تىجارەت ئەندىزىسى ھەقىقەتەن ياخشىكەن، بۇ يىل سودا سوممىسى بۇلتۇرقىدىن 1 مىليون يۈەنگە يېقىن ئاشتى» دېدى قۇربان.

ئادىل كىچىكىدىنلا ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ئاقيار بازىرى تۆۋەنكى بوزيەر كەنتىدە چوڭ بولغان، ئۇنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، شۇ جاينىڭ ياڭاقى ناھايىتى ئەرزان سېتىلىدىغان بولۇپ، بەزىدە ھەتتا سېتىپ چىقارغىلى بولمايتتى. 2015 - يىلى، ئۇ شاڭخەيگە بېرىپ ئوقۇۋاتقاندا، مەكتەپ ئەتراپىدىكى تاللا بازارلىرىدا ياڭاقنىڭ باھاسىنىڭ ناھايىتى قىممەت ئىكەنلىكىنى، سۈپىتىنىڭمۇ يۇرتىدىكى ياڭاقنىڭكىدەك ياخشى ئەمەسلىكىنى بايقىغان.

2016 - يىلى، ئۈچتۇرپان ناھىيەسى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى ئېلېكترونلۇق سودىنى يېزا - كەنتلەرگە يەتكۈزۈشتىكى ئۈلگە كۆرسىتىش ناھىيەسى قىلىپ بېكىتىلىپ، يېزا - كەنت ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمەت پونكىتى - نۇقتىلىرى تولۇق قاپلاش ناھايىتى تېزلا ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ناھىيە بويىچە توققۇز يېزا - بازار دەرىجىلىك ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمەت پونكىتى، 108 كەنت دەرىجىلىك ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمەت نۇقتىسى قۇرۇلۇپ، ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئەندىزىسىدە ئىزدىنىش داۋامىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىلدى.

بۇ يىل 9 - ئايدا، ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلىۋاتقان ئادىل خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، ئۈچتۇرپان ناھىيەسى مېھنەت باغ - ئورمانچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا تەكلىپ قىلىنىپ ئېلېكترونلۇق سودا كەسپىگە مەسئۇل بولدى. «مەن يۇرتۇمنىڭ ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاندىن بۇ قارارغا كەلگەن» دېدى ئۇ.

مۇخبىرنىڭ ئۈچتۇرپان ناھىيەلىك سودا ئىشلىرى ۋە سانائەت، ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ ناھىيەنىڭ ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتە «ئېلېكترونلۇق سودا + ساياھەت» «ئېلېكترونلۇق سودا + ئائىلە مۇلازىمىتى» «ئېلېكترونلۇق سودا + ئەلراينى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» «ھەمكارلىق كوپېراتىپى + ئېلېكترونلۇق سودا + يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى» « ئېلېكترونلۇق سودا + يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى + نامرات ئائىلە» قاتارلىق ئەندىزىلەر قوللىنىلىپ، ئادىلغا ئوخشاش بارغانسېرى كۆپ يېزا ياشلىرىنى قاتنىشىشقا جەلپ قىلىپ، ئېلېكترونلۇق سودا سۈپىتى ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا يېتەكلىگەن.

«ئۈچتۇرپان ناھىيەسى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى توردا سېتىش، تور سىرتىدا سىناپ بېقىش شەكلىنى قوللىنىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق سېتىش ھالقىسىغا قاتنىشىشىغا ئىلھام بېرىپ، نامرات ئاممىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشىغا ياردەم بەردى. ئالدىنقى 11 ئايدا، پۈتۈن ناھىيە بويىچە 495 مىڭ 200 ئېلېكترونلۇق سودا تالونى تاماملىنىپ، سودا سوممىسى 30 مىليون 305 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %42.73 ئاشتى. ئېلېكترونلۇق سودا بويىچە ئون قارار كۇرس ئېچىلىپ 2259 ئادەم تەربىيەلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېرىلگەن نامرات ئائىلىدىن 802 ئادەم قېتىم تەربىيەلەندى، ئېلېكترونلۇق سودا بويىچە 1081 ئادەم يېتىشتۈرۈلدى» دېدى ئۈچتۇرپان ناھىيەلىك سودا ئىشلىرى ۋە سانائەت، ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلى جاڭ نەن.

دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

# بەختلىك تۇرمۇشىمىز ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز

□ ئۈچتۇرپان ناھىيەسى ئاقيار بازىرى تاغارچى كەنتىدىكى مەسچىتنىڭ ئىمامى تۇرسۇن ياقۇپ

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ ئۈنۈملۈك كاپالەتلەندۈرۈلگەنلىكىدەك ئوبيېكتىپ پاكىتنى نەزەرگە ئالماي، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى نەزەرگە ئالماي، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشنى دەستەك قىلىپ شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى بۇرمىلاپ ۋە ئۇنىڭغا قارا چاپلاپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇنۇپ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ قىلچە تۆۋەن چېكى يوق قوش ئۆلچەمى ۋە ساختا، رەزىل زومىگەرلىك لوگىكىسى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلاندى.

ھەممىگە ئايانكى، ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە ئەسلا كىشىلىك ھوقۇق، مىللەت، دىن مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدۇر. تېررورىزم، ئەسەبىيزم ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. بىر مەزگىلدىن بۇيان، شىنجاڭ ئەسەبىيزم، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭدا بىر قاتار زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرىنى پىلانلاپ، تەشكىللەپ، سادىر قىلىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا، شىنجاڭ قانۇن بويىچە بىر يۈرۈش تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرنى قوللىنىپ، بىخەتەرلىك ۋەزىيىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى. بۇ تىرىشچانلىقلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا توسالغۇ بولۇۋاتقان زەھەرلىك ئۆسمىنى يوقىتىپ، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى ۋە مۇقىملىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپلا قالماي، خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ مۇھىم تۆھپە قوشتى، پايدىلىق تەجرىبىلەرنى توپلىدى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ خەلق تۇرمۇشى بەخت - سائادىتىنى ئاشۇردى، بۇ ئەلرايىغا ئۇيغۇن، كىشىلەر كۆڭلىگە ياقىدۇ، نەتىجە - ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك.

بۇ يىللاردا، مەن ئۈچتۇرپاندا بولغان غايەت زور ئۆزگىرىشنى بىۋاسىتە ھېس قىلدىم، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ھۆكۈمەت بىز پۇقرالارنىڭ ماددىي تۇرمۇشىدىكى تۈرلۈك ئېھتىياجىنى كاپالەتلەندۈرگەندىن سىرت، يەنە ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش» «توققۇزنى سەپلەش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەت شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى، مۇنچا، سۇ چۈشۈرۈلىدىغان ھاجەتخانا سېلىپ بەردى، ھاۋا تەڭشىگۈچ، ئىچىدىغان سۇ ئۈسكۈنىسى، ئاياغ قاپلاش ئۈسكۈنىسى قاتارلىق خەلققە قولايلىق ئەسلىھەلەرنى سەپلەپ بەردى. ھازىر، شىنجاڭدا جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق - ئىناق، خەلق خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ، دىنلار ئىناق - رايىش، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق كۆزى بىلەن كۆردى، قەلبىگە پۈكتى.

ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ئامېرىكا تەرەپنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتەك رەزىل نىيىتىنى ئاشكارىلاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھېسسىياتىغا ئىنتايىن زور ئازار بەردى، لېكىن شىنجاڭنى مالىمان قىلىش خام خىيالىدا بولغان ھەرقانداق سۇيىقەست ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات، گۈللىنىش مۇساپىسىنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قەدىمىنى ھەرقانداق كۈچ توسۇيالمايدۇ. بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق باشتىن - ئاخىر بىردەك ئۇيۇشۇپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بەختلىك تۇرمۇشىمىز ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز.

(بېشى 1 - بەتتە)

تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇشنى پىششىق ئىگىلىدى، ھەرخىل ئاپتول، زاپچاسلارنىڭ ئىقتىدارلىرى بىلەن پىششىق تونۇشتى. خېرىدار كېلىپ ئاپتوموبىل رېمونت قىلدۇرماقچى ياكى ئاپتول سېتىۋالماقچى بولسا، ئەخمەتجان بىمالال كۈتۈۋالالايدىغان بولدى.

رېمونتخانىدا خوجايىن ئەر - خوتۇندىن باشقا، يەنە تېخنىك ۋە پۇل يىغقۇچى بار، كۆپچىلىكنىڭ ئەخمەتجانغا بەرگەن باھاسى يامان ئەمەس. خوجايىن ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي: «بۇ يىگىت ناھايىتى تىرىشچان، ھەم بەك ئەقىللىق. ھەر كۈنى ناھايىتى ئەتىگەن دۇكانغا كېلىدۇ، دائىم ئىشنى تالىشىپ قىلىدۇ، خېرىدار كەلسە ئۇ ئەتراپلىق كۈتۈۋالىدۇ، ماڭا كۆپ ياردەملەشتى» دەپ ماختىدى. تېخنىك بىلەن ئەخمەتجان ئىنتايىن چىقىشىپ ئۆتىدىكەن، «ئەخمەتجان بەك تىرىشچان، ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن، بىلمىگەن يەرلىرى بولسىلا مەندىن سورايدۇ، يەنە دائىم ئاپتوموبىل رېمونتچىلىقىغا ئائىت كىتابلارنى كۆرىدۇ.» بىر قېتىم ئۇ ئىككىيلەن ئاپتوموبىل رېمونت قىلىۋېتىپ بىر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەن، ئەخمەتجان تورغا چىقىپ ماتېرىيال ئىزدەپ، تېلېفون ئۇرۇپ ئۇستىلاردىن مەسلىھەت سورىغان، ئىككىيلەننىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، مەسىلە ئاخىرى ھەل بولغان.

رېمونتخانىنىڭ سودىسى ناھايىتى ياخشى ئىكەن، گەرچە شاگىرت بولسىمۇ، ئەمما ئەخمەتجان ھەر ئايدا 3000 يۈەنگە يېقىن مائاش ئالالايدىكەن. «كېيىن مەن ئۇستا بولۇپ يېتىشىپ رەسمىي تېخنىك بولسام مائاشىم يەنە ئۆسىدۇ.» ئەخمەتجاننىڭ خۇشال ھالدا ئېيتىشىچە، كىرىمى بولغاندىن كېيىن ئۇ ئاتا - ئانىسىغا ۋاپادارلىقنى يەتكۈزۈپتۇ، ئۇلارغا يەيدىغان ياخشى يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ بېرىپتۇ، ئىككى ئىنىسىغا كىتاب ئېلىپ بېرىپتۇ، ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاپتۇ. ھازىرقى كىرىمىنى ئۇ ئىلگىرى دېھقانچىلىق قىلغان ۋاقتتا ئەسلا ئويلاپ باقمىغان ئىكەن.

### ئىلگىرى كۆپچىلىكتىن ئايرىلىپ بارغانسېرى بېكىنىپ ياشىغان

ئۆتمۈشنى تىلغا ئېلىنسىلا، ئەخمەتجان توختىماي بېشىنى چايقايدۇ. «ئۇ ۋاقىتلاردا نېمە ئويلىغانلىقىمنى راستىنلا بىلمەيمەن، ناخشا ئېيتمايتتىم، ئۇسسۇل ئوينىمايتتىم، باشقىلارنىڭ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىغىنى كۆرسەم ناھايىتى ئاچچىقلىناتتىم، يەنە قوپاللىق بىلەن ئۇلارنى توسۇيتتىم».

ئەخمەتجاننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئىلگىرى ناخشا ئېيتىشنى، ئۇسسۇل ئويناشنى ياخشى كۆرىدىكەن، دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن جەم بولسا، توي - تۆكۈنگە بارسا، ئۇ دائىم ئۇسسۇل ئوينايدىكەن. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئەخمەتجان ئائىلىسىدە دېھقانچىلىق قىلىپ، ۋاقتى بولسىلا دوستلىرى بىلەن ۋاسكېتبول، بىليارت ئوينايدىكەن. ئىدىيەسى ۋە ھەرىكىتىدە ئۆزگىرىش بولۇشىدىكى سەۋەب بىر قېتىملىق يىغىلىشقا قاتناشقان ۋاقتىدا، بىرەيلەن ئۇنىڭغا ھەقىقىي «مۇسۇلمان» تاماكا چەكمەيدۇ، ھاراق ئىچمەيدۇ، تاماكا چەككەن، ھاراق ئىچكەن، ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئاشۇ كىشىلەر بىلەن بېرىش - كېلىش قىلسا تېخىمۇ بولمايدۇ، دېگەن. ئەخمەتجان ئاستا - ئاستا قارشى تەرەپنىڭ گېپىنى توغرا دەپ قاراپ، بىر قىسىم دوستلىرىدىن يىراقلاشقان، يەنە كەنتتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرىگە قاتناشمىغان، ئۆيدىن چىقىشنى خالىمىغان، ئىشلەشكىمۇ رايى بارمىغان، كۈندە بىكار يۈرگەن. ئەخمەتجان بىر مەھەل كەنت كادىرلىرىنى ئۇچرىتىپ قالسا، ئۇلارنى چەتكە قاققان، بەزىدە ئوغرىلىقچە ئۇلارنىڭ ئاپتوموبىللىرىنى تاش بىلەن چاققان، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تۈكۈرگەن.

بىر كۈنى، ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ تېلېۋىزوردىن ناخشا - ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى كۆرۈۋاتقانلىقىنى بايقاپ، ئۇلارنى سۆزلىگىلى قويماي تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋەتكەن، يەنە ئاتا - ئانىسىغا: «سىلەر ھەقىقىي مۇسۇلمان ئەمەسكەنسىلەر! سىلەر دوزاخقا كىرىسىلەر!» دەپ ۋارقىرىغان. ئوغلىنىڭ بۇ قىلمىشىدىن ئاتا - ئانىسى قاتتىق چۆچۈگەن، ئۇلار ئەخمەتجاننىڭ بىنورماللىقىنى ھېس قىلغان.

ئاتا - ئانىسى بىلەن زىددىيەتلىشىپ قېلىش ئەخمەتجاننىمۇ ئىنتايىن بىئارام قىلغان، ئۇ كۆڭلىدە ئۆز - ئۆزىدىن بۇ زادى نېمە بولغىنى؟ دەپ سورىغان، ئاتا - ئانىسىنىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن، ئەخمەتجان كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە تەربىيەلىنىشكە تىزىملىتىپ قاتناشقان.

### خىزمەت قىلغاندىن كېيىن كۈنلىرى مەنىلىك ئۆتتى

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش ئەخمەتجاننىڭ مەكتەپتىكى گۈزەل ئەسلىمىسىنى ئويغاتتى. «سىنىپلار يوپيورۇق، پاكىز، ياتاقلارغا يوتقان - كۆرپە ۋە تازىلىق بۇيۇملىرى سەپلەنگەن، ئاشخانىدىكى كۈندىلىك ئۈچ ۋاق تاماق ئىنتايىن يېيىشلىك، دەرسخانىدا مۇئەللىملەر مۇلايىم، سۆيۈملۈك.» ئۇ تېزلا بۇ يەردىكى ھەممىنى ياقتۇرۇپ قالدى.

قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئۇ ئاستا - ئاستا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ خەۋپىنى تونۇپ يەتتى، ئاندىن ئۆزىنىڭ يۇقۇملانغانلىقىنى چۈشەندى. «ئەگەر داۋاملىق شۇنداق كېتىۋەرسە، بارغانسېرى چوڭقۇر پېتىپ، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. «ھەقىقەتەن ئادەمگە كۆپ زىيان سالىدىكەن، ھېلىمۇ ياخشى تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىپ ۋاقتىدا ئويغىنىپتىمەن.» ئەخمەتجان بۈگۈنى ئويلىسا ھازىرمۇ يۈرىكى جىغىلدايدۇ.

تەربىيەلىنىش مەزگىلىدە، مەركەز كۆپ خىل ماھارەت تەربىيەسى دەرسلىكى تەسىس قىلىپ تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ تاللىشىغا قويدى. كىچىكىدىنلا ئاپتوموبىلغا قىزىققاچقا، ئەخمەتجان ئاپتوموبىل رېمونتچىلىقى كەسپىنى ئۆگىنىشكە قاتناشتى. تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە، ئۇ ھازىرقى خىزمىتىنى تاپتى.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ئۆگەنگەنلىرى ئەخمەتجاننىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ نىشانىنى تۇرغۇزدى. «دەۋرنىڭ تەرەققىياتى بارغانسېرى تېز بولۇۋاتىدۇ، ئاپتوموبىلنىڭ تېخنىكا ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئېلېكترلىشىش دەرىجىسىمۇ بارغانسېرى ئومۇملاشتى. مەن بۇنىڭدىن كېيىن ئاپتوموبىل ئېلېكترلەشتۈرۈش تېخنىكىسىنى مەخسۇس ئۆگىنىمەن، ياخشى ئۆگىنىمەن، پۇختا ئۆگىنىمەن» دېدى ئەمدىلا شوپۇرلۇق ئىمتىھانىنىڭ بىرىنچى تۈر ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ بولغان ئەخمەتجان.

ئائىلىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قارىتا، ئەخمەتجاننىڭمۇ پىلانى بولۇپ، ئۇنىڭ تەكلىپ بېرىشى بىلەن ئاتا - ئانىسى نىيە قارا توخۇسى باقتى، بۇ يىللىق كىرىمى 6000 - 5000 يۈەن كۆپەيدى. بۈگۈنكى كۈندە، ئاتا - ئانىسى قانداق ئىش بولسا ئەخمەتجان بىلەن مەسلىھەتلىشىدۇ، ئۇنىڭ پىكرىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ.

ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، ئەخمەتجان ئاتا - ئانىسىغا ياردەملىشىپ توخۇ كاتىكىنى تازىلايدۇ، ئارقىدىن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئىنىسىنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە ھەمراھ بولىدۇ، ئۇنىڭغا دەرس تەكرارلاپ بېرىدۇ، كۈنلىرى ناھايىتى مەنىلىك ئۆتمەكتە. «مەن تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقنى ئۆگەندىم، ھازىر ئىنىمغا مۇئەللىم بولالايدىغان بولدۇم» دېدى ئۇ.

«ھەر ئايدا مۇقىم كىرىمىم بار، پۇلدىن قىينالمايمەن، ھەر كۈنى ئاتا - ئانام ۋە خوتۇنۇمغا ھەمراھ بولىمەن، مانا بۇ بەختلىك تۇرمۇشتا بولۇشقا تېگىشلىك ھالەت.» ئەخمەتجان بۇ سۆزنى قىلغاندا ئىللىق قۇياش نۇرى ئۇنىڭ چېھرىدە جىلۋىلىنىپ، كۆزلىرىدىن شادلىق ئەكس ئەتتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)